# ئۆلۈم قىيامەت كۈنى سېمىز قوچقارنىڭ شەكلىدە كەلتۈرۈلىدۇ

ئەبى سەئىدىل خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۆلۈم قىيامەت كۈنى سېمىز قوچقارنىڭ شەكلىدە كەلتۈرۈلىدۇ ، بىر چاقىرغۇچى ندا قىلىپ: ئى جەننەت ئەھلى! جەننەت ئەھلى بويىنىنى سوزۇپ چاقىرغان تەرەپكە قارايدۇ، بۇنى تونۇمسىلەر؟ دەيدۇ، ئۇلار: ھەئە، بۇ ئۆلۈم دەيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى كۆرگەن، ئاندىن : ئى دوزاخ ئەھلى! دەپ چاقىرىدۇ، دوزاخ ئەھلى بويۇنلىرىنى سوزۇپ قارايدۇ، ئۇلارغا: بۇنى تونۇمسىلەر؟دەيدۇ، ئۇلار: ھەئە، بۇ ئۆلۈم دەيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ قوچقار بوغۇزلىنىدۇ. ئاندىن: ئى جەننەت ئەھلى! ئۆلۈم يوق، ئەبەدىي ھايات بار. ئى دوزاخ ئەھلى! ئۆلۈم يوق، مەڭگۈ ئازاب بار، دەيدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ ئايەتنى ئوقۇيدۇ: «وَأَنْذِرْهُمْ يَوْمَ الحَسْرَةِ إِذْ قُضِيَ الأَمْرُ وَهُمْ فِي غَفْلَةٍ» تەرجىمىسى: «ئۇلارنى (يەنى خالايىقنى) ھەسرەت كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى)دىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر»ئۇلار دۇنيا ئەھلىنىڭ غاپىللىرىدۇر«وَهُمْ لاَ يُؤْمِنُونَ»، «(قىيامەتنى) ئىنكار قىلماقتىدۇر» [سۈرە مەريەم 39-ئايەت].

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنىدە ئۆلۈمنىڭ ئالا قوچقارنىڭ شەكلىدە كەلتۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەردى. ئى جەننەت ئەھلى! دەپ چاقىرىلىدۇ، ئۇلار بويۇنلىرىنى سوزۇپ، باشلىرىنى ئۈستۈن قىلىپ قارىشىدۇ. ئۇلارغا: بۇنى تونۇمسىلەر؟ دەيدۇ. ئۇلار: ھەئە، بۇ ئۆلۈم دەيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى كۆرگەن ۋە تونۇغان ئىدى. ئاندىن بىر چاقىرغۇچى :ئى دوزاخ ئەھلى! دەپ چاقىرىدۇ، دوزاخ ئەھلى بويۇنلىرىنى سوزۇپ، باشلىرىنى كۆتۈرۈپ قارىشىدۇ. بۇنى تونۇمسىلەر؟ دەيدۇ. ئۇلار: ھەئە، بۇ ئۆلۈم دەيدۇ چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇنى كۆرگەن. ئۇ قوچقار بوغۇزلىنىدۇ ئاندىن بىر چاقىرغۇچى: ئى جەننەت ئەھلى! ئۆلۈم يوق، ئەبەدىل ئەبەد جەننەتتە قالىسىلەر، ئى دوزاخ ئەھلى! ئۆلۈم يوق، ئەبەدىل ئەبەد دوزاختا قالىسىلەر دەيدۇ. ئۇ بولسا مۇئمىنلەرنىڭ چەكسىز نېمەتتە بولىدىغانلىقى ۋە كاپىرلارنىڭ دەرتلىك ئازابتا بولۇشى ئۈچۈندۇر. ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: :«وَأَنْذِرْهُمْ يَوْمَ الحَسْرَةِ إِذْ قُضِيَ الأَمْرُ وَهُمْ فِي غَفْلَةٍ وَهُمْ لاَ يُؤْمِنُونَ» تەرجىمىسى:«ئۇلارنى (يەنى خالايىقنى) ھەسرەت كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى)دىن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر(قىيامەتنى) ئىنكار قىلماقتىدۇر» [سۈرە مەريەم 39-ئايەت]. قىيامەت كۈنىدە جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلىنىڭ ئارىسى ئايرىلىدۇ، ھەر بىرى ئۆزىنىڭ بارىدىغان جايىغا بارىدۇ، ئۇ جايدا مەڭگۈ قالىدۇ. يامان ئىش قىلغۇچى دۇنيادا ياخشى ئىش قىلمىغانلىقىغا، ياخشىلىقنى ئاز قىلغۇچى ياخشىلىقتىن زىيادە قىلمىغانلىقىغا ھەسرەتلىنىپ پۇشايمان قىلىدۇ،

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65035

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee